# كىرىچنى چىڭىتىپ، غەيرەت قىلىپ، قەرەلىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز

(بېشى 1 - بەتتە)

**نىشاننى چىڭ كۆزلەپ، دەل جايىدا كۈچەپ، بوشاڭلىق قىلمايمىز**

«باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ زور ئىلھام ئالدىم، شۇنداقلا مەسئۇلىيىتىمنىڭ ئېغىر، زورلۇقنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم» دېدى 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى قابا ناھىيەسى سارتام يېزىسى كۈرمىش كەنتىنىڭ 1 - شۇجىسى يېركىن ئېقبىر.

كۈرمىش كەنتى 2014 - يىلى پۈتۈن كەنت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، 2019 - يىلى پۈتۈن كەنتنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 15 مىڭ 106 يۈەن بولۇپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 13 مىڭ 709 يۈەنگە يەتتى. «بۇ يىل، 13مىڭ مو يەرنى بىرلەشتۈرۈپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 6300 مو يەرنى ئوبوروت قىلىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنى جۇڭيى دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى تېرىشقا يېتەكلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىمىز» دېدى يېركىن.

چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىدىن قاينۇق يېزىسىنىڭ چېچى كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى قادىل بايبولات مۇنداق دېدى: «كەنتىمىز گەرچە پۈتۈنلەي نامراتلىقتىن قۇتۇلغان بولسىمۇ، ئەمما جۇغراپىيەلىك مۇھىت سەۋەبىدىن، سۇ كەمچىل بولۇش كەنتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان بىر چوڭ ئامىل بولۇپ كەلگەنىدى. ھازىر ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، تېرىلغۇغا تەييارلىق قىلىش مەزگىلى، بىز كەنت ئاھالىلىرىنى زاراڭزا قاتارلىق قۇرغاقچىلىققا چىداملىق ئۆسۈملۈكلەرنى تېرىشقا پائال سەپەرۋەر قىلىپ، سۇ كەمچىل بولۇشتەك قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز ھازىر ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە 150 نەچچە نامرات ئاھالىنى پائال ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەشكە تەشكىللەپ، نامرات ئاھالىنىڭ مۇقىم نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى، قايتا نامراتلىشىپ كەتمەسلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز».

2019 - يىلى 9 - ئايدا، كەلپىن ناھىيەسىنىڭ چىلان يېزىسى باغچى كەنتى پۈتۈنلەي نامراتلىقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو نېفت - خىمىيە سانائىتى غەربىي شىمال نېفت ئىدارىسىدىن چىلان يېزىسى باغچى كەنتىدە تۇرۇشلۇق 1 - شۇجى تاڭ دېجى كەنت «ئىككى كومىتېت»ى ۋە «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنى يېتەكلەپ، زېھنىي كۈچنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەشكە قويۇپ، ھەربىر دېھقان ئائىلىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ دەل جايىدا كۈچەپ، كىچىك ئەگمە پارنىك تېرىقچىلىقىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، گۆش كالىسى باقمىچىلىق كۆلىمىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، پاختا قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى.

**دەل جايىدا كۈچەپ، كىرىمنى ئاشۇرۇپ، بېيىش يوللىرىنى كېڭەيتىمىز**

«باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى بىزنىڭ چوقۇم غەلىبە قىلىش ئىشەنچىمىزنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى.» 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش كومىتېتىدىن كېرىيە ناھىيەسىنىڭ كۆكيار يېزىسى بوستانتېرەك كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى لى باۋشې مۇنداق دېدى: بوستانتېرەك كەنتىدە ھازىر ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن يەنە 196 نامرات ئائىلە تېخى نامراتلىقتىن قۇتۇلمىدى، بۇ ھەل قىلىش ئەڭ تەسكە توختايدىغان مەسىلە، ھازىر، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ئائىلىگىچە، ئادەمگىچە دەل جايىدا ياردەم بېرىش - يۆلەش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. كېيىنكى قەدەمدە، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى باشلامچى كارخانىلار، نامراتلارنى يۆلەش سېخلىرى بىلەن پائال ئالاقىلىشىپ، ئەمگەك ئىقتىدارى، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارزۇسى بار نامرات نوپۇسنى يېقىن ئەتراپتا، ئۆز جايىدا ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. «بىز ئورتاق تىرىشىپ، نىشاننى چىڭ كۆزلەپ بەل قويۇۋەتمىسەكلا، بۇ مەيدان قاتتىق جەڭدە چوقۇم غەلىبە قىلالايمىز» دېدى لى باۋشې.

جۇڭگو خەلق بانكىسى بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەركىزىي تارماق بانكىسىدىن جىڭ ناھىيەسىنىڭ تولى بازىرى ئىلك قۇدۇق كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى شۇ بىن مۇنداق دېدى: «بىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تەلىپى بويىچە، نىشاننى چىڭ كۆزلەپ بەل قويۇۋەتمەي، تېخىمۇ كۆپ ئاممىنى كىرىمنى مۇقىم ئاشۇرۇش، بېيىش يولىغا مېڭىشقا يېتەكلەيمىز. ھازىر، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى بىلەن كەنت «ئىككى كومىتېت»ى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالدىن مۇلازىمەت قىلىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، تېرىلغۇغا تەييارلىق قىلىشى، يەم - خەشەكنى زاپاس ساقلىشى ۋە چارۋا مال يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىۋاتىدۇ.

**بوشاشماي كۈرەش قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىمىز**

چوكان جىلغا كەنتىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ، كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالىلەر ئىچىدە ئەمگەك ئىقتىدارىغا ئىگە 521 ئادەم بار، ھازىر، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»ى ئالاقىلىشىپ، 406 ئادەمنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتىدىن «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ باش يېتەكچىسى، قاراقاش ناھىيەسىنىڭ زاۋا بازىرى چوكان جىلغا كەنتىدە تۇرۇشلۇق 1 - شۇجى لى زىدۇڭ مۇنداق دېدى: «بىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى قىلچە بوشاشماي ياخشى تۇتۇپ، كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، ئورمان ئارىسىدا باقمىچىلىق قىلىش ۋە خاس باغۋەنچىلىكنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، نامرات ئاھالىلەرنىڭ كىرىمنى مۇقىم ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز.

ئۈزۈمچىلىك چوققاتام كەنتىدىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئاساسلىق كىرىم مەنبەسى، ئەمما ئادەم كۆپ، يەر ئاز بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قىسىم ئاممىنىڭ تېرىقچىلىق تېخنىكىسى يۇقىرى بولمىغاچقا، كىرىم ئىزچىل ئاشمايۋاتقانىدى. تۇرپان شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىدىن تۇرپان شەھىرى پىچان ناھىيەسىنىڭ پىچان بازىرى چوققاتام كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى جاڭ شيوۋ مۇنداق دېدى: بۇ يىل بىز كەنتنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، شەھەر ئەتراپىغا يېقىن بولۇشتەك جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىكنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار بىلەن پائال ئالاقىلىشىپ، ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى سىرتقا چىقىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يېتەكلەيمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىر تۈركۈم دېھقان ۋاستىچىلەرنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى، مۇھىت تازىلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە كەنت ئاھالىلىرىنى ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تەشكىللەپ، كەنت ئاھالىلىرىنى قىلىدىغان ئىشى بولۇش، پۇل تاپالايدىغان بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمىز.

(**مۇخبىر رايىدە**، قاتناشقان مۇخبىرلار **جاڭ تىڭ، جەزىرە نېسىپبېك، جاڭ جىلى، پەرىزات ئابدۇل، سۇڭ ياۋېن، جاڭ رۇيلىن**)

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، نامرات ئاممىنى ئالدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، كىرىمنى ئاشۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى، بۇساره دەل بۇنىڭدىن نەپكە ئېرىشكۈچىلەرنىڭ بىرى.

**نامرات ئاممىنى ئالدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش**

ئالدىنقى كۈنلەردە، شىنجاڭ جىنشىڭ ماگنىيچىلىق چەكلىك شىركىتى يېڭىدىن خىزمەتكە كىرگەن خىزمەتچىلەرنى ئىش ئورنىغا چىقىشتىن بۇرۇن تەربىيەلىدى، قومۇل شەھىرىنىڭ ئېۋىرغول رايونى راھەتباغ يېزىسى قاراتال كەنتىدىكى نامرات ئائىلە پەزىلەت باست بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى. ئۇنىڭ ئائىلىسىدە تۆت جان بار، بىر ئائىلە كىشىلىرى 2.5 مو چىلانلىقتىن تاپقان نەچچە مىڭ يۈەن كىرىم ۋە تۆۋەن كاپالەت ياردەم تولۇقلىمىسىغا تايىنىپ تۇرمۇشىنى قامدايتتى. يىل بېشىدا، ئۇ كەنتتىن جىنشىڭ ماگنىيچىلىقنىڭ ئىشچى قوبۇل قىلىش خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال تىزىملاتتى.

«تەربىيەلەش ئاخىرلىشىپ ئىش ئورنىغا چىققاندىن كېيىن، مەن ھەر ئايدا 4500 يۈەن مائاش ئالالايمەن، شىركەت ئۆيۈمگە يېقىن، مەن يەنە ئائىلەمدىكىلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالايمەن، ھەقىقەتەن ‹پۇل تېپىش، ئائىلىدىن خەۋەر ئېلىشنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە دەخلى يەتمەيدۇ›، كېيىنكى كۈنلىرىم چوقۇم بارغانسېرى ياخشىلىنىدۇ» دېدى پەزىلەت، ئۇنىڭ چېھرىدە خۇشاللىق تەبەسسۇمى جىلۋە قىلاتتى.

«كەنتتە كەنت ئىگىدارچىلىقىدىكى كەسىپ بار، ئاھالىلەرنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇش تۈرى بار، ھەممە كىشىنىڭ بىردىن ماھارىتى بار.» مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ بەيياڭخې يېزىسى شىچۈەن كەنتىدىكى كىيىم - كېچەك زاۋۇتىنىڭ ئىچىدىكى بۇ شوئار كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى. كىيىم - كېچەك زاۋۇتىدا ئىشقا ئورۇنلاشقان ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە مارجان مۇنداق دېدى: «بۇلتۇر كەنتتە كىيىم - كېچەك زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، مېنى ئالدى بىلەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى، ئايلىق كىرىمىم 2000 يۈەندىن ئاشىدۇ».

بەيياڭخې يېزىلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جۈن تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بەيياڭخې يېزىسىدا، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتا نامرات ئاھالىلەر ئالدىن ئويلىشىلدى. ھازىر، نامرات ئائىلىلەردىكى 100دىن ئارتۇق ئەمگەك كۈچى ئىشىكى ئالدىدا ئىشقا ئورۇنلاشتى.

**ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئىش ئورنىنى كۆپەيتىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش**

3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى سەھەردە، كالىلارنىڭ مۆرەش سادالىرى ئىچىدە، ئالتاي شەھىرىنىڭ قىزىل تاش بازىرىدىكى ئېكولوگىيەلىك باقمىچىلىق باغچىسىنىڭ باقمىچىسى قايىرات ئاغزام ئوقۇرغا يەم - خەشەك سېلىش بىلەن ئالدىراش ئىدى.

قايىرات قىزىل تاش بازىرى كۆكبۇقا كەنتىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالە. بۇ يىل يىل بېشىدا، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ ئالاقىلىشىشى ئارقىلىق، ئۇ ئېكولوگىيەلىك باقمىچىلىق باغچىسىنىڭ خىزمەتچىسى بولۇپ قالدى. «ھازىر ئايلىق مائاشىم 3000 يۈەن، بۇ يىل ئائىلەمنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىدا گەپ يوق» دېدى قايىرات.

بۇ يىل 1 - ئايدا، قىزىل تاش بازىرى 13 مىڭ كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى ئېكولوگىيەلىك باقمىچىلىق باغچىسى قۇرۇپ، «كارخانا + بازا + ھەمكارلىق كوپېراتىپى + ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالە» ئەندىزىسىنى قوللىنىپ تىجارەت باشلىدى. «ئوخشاش شارائىتتا، بىزنىڭ باقمىچىلىق باغچىمىز ئالدى بىلەن نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى قوبۇل قىلدى» دېدى باقمىچىلىق باغچىسىنىڭ باش دىرېكتورى لى جىتاڭ.

ئوخشاش شارائىتتا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نۇرغۇن كارخانا ۋە ئورۇنلار ئالدى بىلەن نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، خوتەن ناھىيەسىدىكى ئىقتىساد يېڭى رايونى ئاياغچىلىق كەسىپلىرى باغچىسى گويۈەن ئاياغچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ سېخىدا، ماشىنىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى بىلەن بولقىنىڭ ئاياغ چەمگە ئۇرۇلغان ئاۋازى گىرەلىشىپ كېتەتتى، ئابلەت ئېبزىز باشقا خىزمەتچىلەر بىلەن بىللە بىر تۈركۈم ئېكسپورت زاكاز مالنى ئالدىراش تەييارلاۋاتاتتى.

ئىككى يىل ئىلگىرى، ئابلەت گويۈەن ئاياغچىلىقنىڭ سانائەت ئىشچىسى بولغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە، ئۇ گۇرۇپپا باشلىقى بولدى، ئىش ھەققىمۇ ئىلگىرىكىدىن خېلى ئۆستى، پۈتۈن ئائىلىسىمۇ نامرات ئائىلە دېگەن قالپاقنى بۇرۇنلا تاشلىدى.

**سىياسەت ئارقىلىق يۆلەپ نەتىجە - ئۈنۈم كۆرۈش**

3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، ئونسۇ ناھىيەسىنىڭ دۆلەت يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا باغچە رايونىدىكى ئاقسۇ سەيۋەيخۇڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ مېۋە - چېۋىلەرنى ساقلاش رايونىدا ئىشچى ئەسقەر ئەكرەم يۆتكەش - توشۇش ماشىنىسىنى ماھىرلىق بىلەن ھەيدەپ، يەشك - يەشك يېڭى مېۋىلەرنى ئىچكىرى رايونلارغا يەتكۈزىدىغان يۈك ئاپتوموبىلغا قاچىلاۋاتاتتى. ئەسقەر ئونسۇ ناھىيەسىنىڭ ئىشلەمچى يېزىسى قويچى كەنتىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالە، 2017 - يىلى زاۋۇتقا كىرىپ ئىشلەش ئارقىلىق، بۇلتۇر پۈتۈن ئائىلىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش تەدبىرلىرىنى پائال ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتتى، بىر تۈركۈم نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرى ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارقىلىق كىرىمنى مۇقىم ئاشۇردى.

«سانجى بىزنىڭ شەھىرىمىز، شۇنداقلا مېنىڭ ئائىلەم.» 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، سانجى شەھەرلىك مۇھىت تازىلىقىنى باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ خىزمەتچىسى مەمەت نىيازنىڭ ئاغزىدىن ئىختىيارسىز چىققان بۇ سۆز ئۇنىڭ بۇ شەھەرگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى ئىپادىلىدى.

2017 - يىلى 4 - ئايدا، مەمەت يەكەن ناھىيەسىنىڭ بەشكەنت بازىرىدىكى نامرات ئائىلىلەردىكى 200دىن ئارتۇق ئەمگەك كۈچى بىلەن بىللە سانجى شەھىرىگە كېلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتى. ھازىر ئۇلار بۇ شەھەرگە پۈتۈنلەي سىڭىشىپ كەتتى، شۇنداقلا بۇ يەرنى ئۆز ئائىلىسىدەك ھېس قىلىدىغان بولدى.

ئاپتونوم رايون يولغا قويغان ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، سانجى شەھىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 15 مىليون يۈەن مەخسۇس تۈر مەبلىغى سېلىپ، يەكەن ناھىيەسىدىن سانجى شەھىرىگە كەلگەن خادىملارغا ياتاق بىناسى، ئاشخانا سېلىپ بېرىپ، ئۆگىنىش، مەدەنىيەت - تەنتەربىيە - كۆڭۈل ئېچىش ئەسلىھەلىرى قاتارلىقلارنى سەپلەپ بېرىپ، ئۇلارنى بۇ يەردە خاتىرجەم خىزمەت قىلىش ۋە تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ھازىرغىچە، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىدىن جەمئىي 3547نى يۆتكەلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا جەلپ قىلدى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئايلىق مائاشى 2000 يۈەندىن يۇقىرى.

(**مۇخبىر گې يۈۋجۈن**، قاتناشقان مۇخبىرلار **رايىدە، جاڭ تىڭ، پەرىزات ئابدۇل، خەن چىنيەن، جاڭ جىلى**، ئىختىيارىي مۇخبىرلار **فۇ جىنشيا، ماخەيرەن، نۇرگۈل، ما خۇيلىڭ**)

---

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# خۇاڭ جېنشۇن: ھەققانىيەت ئۈچۈن چوقان سالدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، فۇجوۋ، 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر ۋاڭ چېڭ)**



خۇاڭ جېنشۇننىڭ سۈرىتى. شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

«مەن ساقچىخانىدىن!» دېدى خۇاڭ جېنشۇن قاتتىق ئاۋازدا، ئۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتى ياڭراق ئىدى. ئۇ قولىغا قاتىللىق قورالى ئالغان قانۇنسىز ئۇنسۇر بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ، بەختكە قارشى باتۇرلارچە قۇربان بولدى. خۇاڭ جېنشۇن ھاياتى بەدىلىگە ساقچىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن «خەلق جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلقنى كۆزلەيدۇ» دېگەن ئاساسىي مەقسەتنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى.

2000 - يىلى 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئەتىگەن سائەت 7دىن ئاشقاندا، فۇجوۋ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى گەيشەن ساقچىخانىسىنىڭ خەلق ساقچىسى خۇاڭ جېنشۇن سەنچاجيېدىكى دوستلۇق يولى بازىرىغا كۆكتات سېتىۋالغىلى كەلگەن. تۇيۇقسىز ئۇ بىرەيلەننىڭ بىر ئايالنىڭ نەرسىسىنى ئوغرىلاۋاتقانلىقىنى بايقىغان. خۇاڭ جېنشۇن دەرھال ئېتىلىپ بېرىپ، بۇ ئادەمنى تۇتماقچى بولغان. بۇ چاغدا، ئۇ ئادەم تۇيۇقسىز پىچاق چىقىرىپ خۇاڭ جېنشۇننىڭ قورسىقىغا تىققان. يارىلانغان خۇاڭ جېنشۇن قاتتىق ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ قانۇنسىز ئۇنسۇر بىلەن ئېلىشقان، قانۇنسىز ئۇنسۇر خۇاڭ جېنشۇنغا بىرنەچچە پىچاق تىقىپ ئۇنى يەرگە يىقىتقان. بۇ چاغدا خۇاڭ جېنشۇن ئېغىر يارىلانغان بولسىمۇ، يەنىلا قانۇنسىز ئۇنسۇرنى چىڭ قۇچاقلىۋېلىپ قويۇپ بەرمىگەن.

بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئەتراپتىكى ئاممىمۇ ئەپكەش بىلەن قاتىلنى ئۇرۇشقا باشلىغان، قاتىل شۇ چاغدىلا ئاندىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاچقان. ئۇزاق ئۆتمەي ئاممىنىڭ ياردىمىدە خەلق ساقچىلىرى قاتىلنى تۇتقان. ئامما خۇاڭ جېنشۇننى دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپارغان، لېكىن ئۇ قان كۆپ چىقىپ كەتكەنلىكتىن قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي 50 يېشىدا قۇربان بولغان.

2000 - يىلى 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى خۇاڭ جېنشۇنغا «مەملىكەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسى بويىچە 2 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى» دەپ تولۇقلاپ نام بەردى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى فۇجيەن ئۆلكىلىك كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى، ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى، ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش فوندى جەمئىيىتى بىرلىكتە ئۇنىڭغا «ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن ئىلغار شەخس» دەپ تولۇقلاپ نام بەردى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى فۇجوۋ شەھەرلىك كومىتېتى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ساڭشەن رايونلۇق كومىتېتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۇنىڭغا مۇنەۋۋەر كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى، دەپ تولۇقلاپ نام بەردى.

خۇاڭ جېنشۇن 1950 - يىلى تۇغۇلغان، 1968 - يىلى 3 - ئايدا چاقىرىققا بىنائەن ھەربىي سەپكە قاتناشقان، 1971 - يىلى ھەربىي سەپتىن چېكىنگەندىن كېيىن جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ فۇجوۋ شەھىرىدىكى شيادۇ، سەنچاجيې، گەيشەن ساقچىخانىلىرىدا خىزمەت قىلغان، سىياسىي قوغداش، ئىچكى قوغداش، ئاساسىي خىزمەت، ئامانلىق ساقلاش ۋە نوپۇس - تاشقى ئىشلار خەلق ساقچىسى بولغان، 1990 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم تەقدىرلەنگەن ھەم فۇجوۋ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر مەسئۇل رايون خەلق ساقچىسى بولۇپ باھالانغان.

«پارتىيە نېمە قىل دېسە شۇنى قىلىمەن، تەشكىل قايسى يەرگە بېرىشىمغا ئېھتىياجلىق بولسا، شۇ يەرگە بارىمەن». ساقچى بولغان 30 يىلغا يېقىن ۋاقىتتا، خۇاڭ جېنشۇن ئاددىي خىزمەت ئورنىدا جان كۆيدۈرۈپ، تىرىشچانلىق ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلىدى. خۇاڭ جېنشۇن پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسىدا: «مەن خىزمىتىم ئارقىلىق ئاممىنىڭ مەنپەئەتىنىڭ زىيانغا ئۇچرىماسلىقىغا، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ خاتىرجەم ياشىشىغا كاپالەتلىك قىلىمەن» دەپ يازغان، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنى ۋە ھاياتى بەدىلىگە خەلق ساقچىلىرىنىڭ مۇقەددەس بۇرچىنى ئادا قىلىپ، ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى پارتىيە ئىشلىرىغا بېغىشلىدى.

خۇاڭ جېنشۇن ئاددىي ئىش ئورنىدا ئۈن - تىنسىز ئىشلەپ، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. خۇاڭ جېنشۇننىڭ خىزمەتداشلىرى ئەسلەپ مۇنداق دېدى: ئۇ گەيشەندىكى خوۋبەن نوپۇس بۆلىكىنى باشقۇرغاندا، تەۋەلىك رايوندا كۆچمە نوپۇس كۆپ، ئەھۋال مۇرەككەپ، ئاساسىي خىزمەت ئاجىز بولۇش قاتارلىق ئەھۋاللارغا قارىتا، ساقچىخانا ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»نىغا تايىنىپ، ئاساسىي تەكشۈرۈش ۋە تۈزەشنى قانات يايدۇرۇپ، خوۋبەن كەنتىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى قىياپىتىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىدى ھەم يېزىلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماس كېلىدىغان «سىرتتىن كەلگەن نوپۇسنى جىپسىلاشتۇرۇش شەكلىدە باشقۇرۇش» يېڭى ئەندىزىسىنى تېپىپ چىقىپ، ساڭشەن شۆبە ئىدارىسىنىڭ تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ۋە كېڭەيتىشكە ئېرىشتى.

2000 - يىلى 8 - ئايدا، خۇاڭ جېنشۇننىڭ قىزى خۇاڭ جيەنفاڭ دادىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ جامائەت خەۋپسىزلىكى قوشۇنىغا ئىمتىھان بېرىپ كىرىپ، فۇجوۋ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ساڭشەن شۆبە ئىدارىسى ئامانلىق ساقلاش چوڭ ئەترىتى ئۇنىۋېرسال بۆلۈمىنىڭ ئەزاسى بولدى. ھازىر، خۇاڭ جېنشۇننىڭ روھى فۇجوۋ شەھىرى ۋېنلىنشەن ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىدا ئەمىن تاپتى. ھەر يىلى چىڭمىڭدا، ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە كۈنىدە خەلق ساقچىلىرى رەتلىك تىزىلىپ خۇاڭ جېنشۇننىڭ قەبرىسىگە گۈل تەقدىم قىلىدۇ. خاتىرىلەش تېخىمۇ ياخشى ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈندۇر، ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ تۆھپىسى تارىخ سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالدى، قەھرىماننىڭ روھى مەڭگۈ ھايات.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)